# مۇھەببەت يامغۇرى

(ھېكايە)

ئابدۇجېلىل جاپپار ھجران

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# مۇھەببەت يامغۇرى

ئىشىك ئاراچىلىرىدىن يوپۇرلۇپ كىرگەن سوغۇق شامال تەنلىرىمگە نەشتەردەك ئۇرۇلۇپ ئارامىمنى بۇزدى. سەرسان كۆڭلۈمنىڭ قۇرغاق بەستىدىكى ھەسرەتلىرىم بىلەن كېچىچە ئەسرالىشىپ، كۆزلىرىم تېخى ھېلىلا يۇمۇلغان ئىدى. ماڭا نەچچە مىنۇتلا تەئەللۇق بولغان ئۇيقۇ مەلىكىلىرى شامال كىرگەن يوچۇقتىن شۇڭغۇپ چىقىپ كەتتى. بىرى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر تىنىمنى تەستە كۆتۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ياتاقنىڭ شەرقى تېمىغا ئېسىپ قويۇلغان مۇشۇك ياپىلاق سائەت بېسىپ ئۆتكەن ھەر بىر مۇساپىسىگە قايغۇرىۋاتقاندەك چىكىلداپ، تىلىنى تەستە يۆتكەپ ئالغا سىلجىماقتا...

«غازاڭ بولغان گۈل كىشىگە ئېچىنىش تۇيغۇسىدىن باشقا زوق ئاتا قىلالمايدۇ» بۇ بىر جۈملە سۆزنى قاچان، قەيەردىن ئوقۇغانلىقىم ئېنىق ئىسىمدە يوق. ئەينى چاغدىكى ھېسىياتىم بويىچە ئېيتقاندا مەنمۇ مۇشۇ بىر جۈملە سۆزدە ئېيتىلغاندەك قاراشتا ئىدىم، لېكىن ھازىر ئۇنداق ئەمەس. مۇھەببەت كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ، كىچىككىنە سەۋەنلىكىم تۈپەيلى، سايىدىكى تاشتەك قەدىر-قىممەتسىز بولۇپ قالغان ۋاقتىمدا، تۇمان باسقان قەلبىمدە باش باھارنىڭ ئالتۇن قوياشىدەك پارلاپ، ھاياتنىڭ جۇت-شىۋىرغانلىرىغا ئۇرۇلۇپ، ئۆز سۈلكىتىنى يوقاتقان مەيۈس چېھرىمگە ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى چاچقان. ئاشۇ يىگىتنى، شۇنداقلا پەرىشتە سۈپەت خاسىيەت ھەددەمنى ئۇچراتقان چېغىمدىلا، غازاڭ بولغان گۈلگە قاراپ ھەممىلا ئادەمنىڭ ئېچىنمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئاشۇ ئېچىنىش تۇيغۇلىرىنى مېھرى-مۇھەببەت يامغۇرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاشۇ گۈلگە ياغدۇرىدىغانلارنىڭمۇ بارلىقىغا ئىشەندىم. ئۆزەم كىچىك، بېشىمدىن ئىسسىق-سوغاقلار ئۆتمىگەچكە، باشقىلارنىڭ تۇنجى سۆيگۈ ئۆچمەيدۇ ھەم كۆچمەيدۇ دېگەنلىرىگە ئىشتىياق قىلىپ يۈرۈپتىكەنمەن.

مېنىڭ ئاشۇ تۇنجى سۆيگۈ ئۈچۈن تۆلىگەن ئورۇنسىز بەدەللىرىم، غازاڭ بولغان قىزلىق غۇرۇرۇم، ئادىمىلىك تۇيغۇم شۇنى چۈشۈنۈپ يەتتىكى، ھايات، تۇرمۇش دېگەنلەر، ئادەمنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنچە گۈزەل بولمايدىكەن. مۇھەببەت، سۆيگۈ دېگەنلەرگە ھەممە ئادەم ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ كېتەلمەيدىكەن.

بۈگۈن شەنبە بولغاچقىمىكىن ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى. كىيىملىرىمنى يۆتكەپ، يۈز-كۆزلىرىمنى يۇغاندىن كېيىن سىرتقا چىقتىم. فېۋرالنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇشقا قارىماي، كۆك قەھرىدىن قىش چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مەكتەپ باغچىسىدىكى يالىڭاچ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋالغان قۇچقاچلار بىر-بىرى بىلەن شاخ تالىشىپ توختىماي چۇرۇقلىشاتتى. ئېغىزىدىكى ھورى بىلەن تولۇپ كەتكەن قوللىرىنى ئىسسىتىپ، توپ ئويناۋاتقان ئوغۇللار، باشلىرىغا ئەترگۈلدەك چىرايلىق يۇڭ پوسما كىيىۋالغان جەزبىدار قىزلار ھەممىسى شۇ قەدەر بەختىيار كۆرۈنەتتى. ئاشخانىغا قانداق كىرىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، بەلكى قورسىقىم ئاچقان بولسا كېرەك. ئىشىكتىن كىرىشىمگە بىرىنىڭ ئادىل، قارا، راھىلە، دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ كۆز ئالدىمدا شۇ ھامان پەيدا بولدى، ئۇنى كۆرمىگەن بولۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇمىيۇ، پۈتلىرىم ئالمىشىپ كېتىپ، ئۇنىڭ كۆزىچىلا يىقىلىپ چۈشتۈم.

- بىر نېمە بولمىغانسەن؟

قۇلاق تۈۋىمدە ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭلا كۆڭلۈمگە كىلىدىغان بىلەكلىرى مېنى ئورنۇمدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى.

- ياق!

بۇ بىر ئېغىز سۆزنى شۇنچىلىك زەردە بىلەن ئېيتىمكى شامالدەك يۇگۇردۇم . . .

- راھىلە . . .

كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم، ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلمەكتە . . . مەن چىن ئەقىدەم بىلەن سۆيگەن بۇ يىگىتنىڭ مېنى خانى - ۋەيران قىلغىنىنى، بەرگەن پاك سۆيگۈمنىڭ بەدىلىگە ماڭا ئاتا قىلغان كۆلپەت ئەلەملىرىنى قەلبىم ھېچ ئۇنتۇيدىغاندەك ئەمەس. بۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسۇن.ھاياتتا ئۇنتۇپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ نۇرغۇن، لېكىن يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا مۆھۈردەك بېسىلىپ بىر ئۆمۈر ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدىغان ئىشلارمۇئاز ئەمەس.

بۈگۈن مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىدا ئۇنى ئۇچرىتىشىم بىلەن تەڭ ئاشۇ ئازاپلىق ئۆتمۈش قەلبىمنى ئەسىر قىلىپ، ئازاپ - ھەسرەتلەر مىسكىن يۈرىكىمنى يەنە تاتىلاشقا باشلىدى.

مەن ئەسلى مېھرىبان بىر دادىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىدىم. دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ئاپام مەن تۇغۇلۇپ بىر ياشقا كىرگەن يىلى ئۆپكە كېسىلى سەۋەبىدىن قازا قىلغان ئىكەن.

ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپ دادامنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا چوڭ بولدۇم. بۇنداق دېيىشىم يالغان بولماس، دادامنىڭ تا بۇ كەمگىچە ماڭا قاتتىقراق ۋارقىرىغىنىمۇيادىمدا يوق.بىچارە دادام ماڭا يىتىم ئەڭلى كەيگۈزمەي، يىتىم ئېشى يىگۈزمەي، مېنى مەئىشەتلىك تۇرمۇشتا بېقىپ چوڭ قىلدى.

دادام قاسساپ بولۇپ، مەھەللە دوقمۇشىدىكى ئۈجمە دەرىخىدىن ياسالغان ياغاچ كانارغا سويغان قويلىرىنى ئېسىپ گۆشىنى ساتاتتى. دادام ھەر قېتىم قوي سويغىنىدا ماڭا بىر ئاق لاتىنى تۇتقۇزۇپ، - ھۈركۈتۈڭ قىزىم ھۈركۈتۈڭ، - دەپ چۈشىلارنى قوغلاشقا بۇيرۇيتتى. مەن نارازى بولغاندەك تۇمشۇقۇمنى ئۈچلاپ، دومسىيىپ تۇرىۋالسام، دادام يىرىك قوللىرى بىلەن بۇدرۇق يۇزۇمنى سىلاپ، - قىزىم چۈشىلەرنى ھۈركۈتمىسىڭىز گۆشىنى پاسكىنا قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار بەك ئەسكى، ئاندىن بۇلغانغان گۆشنى يېگەن ئاكا - ھەدىلەر ئاغرىپ قالسا، باللىرى يىغلايدۇ ئەمەسمۇ، - دەيتتى. مەن دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، - ماقۇل، ئۇلار ئاغرىپ قالمىسۇن، باللىرى يىغلىمىسۇن، - دەپ چۈشىلەرنى ھۈركۈتۈشكە باشلايتتىم. دادام بەزىدە مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ، قىزىم مېنى سۆيۈپ قويىڭە دىگىنىدە، بەدىنىدىن كېلىۋاتقان خام گۆشنىڭ قاقسىق ھىدىدىن سەسكىنىپ، ياق سەن بەك سېسىق پۇرايدىكەنسەن دەپ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ قاچقان چېغىمدا، دادامنىڭ چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ ئىسىمدە، ئادەم كىچىك ۋاقىتلىرىدا تولىمۇ ئەقىلسىز بولىدىكەن. ئەينى چاغدا دادامنىڭ نېمە ئۈچۈن قاسساپلىق قىلىدىغانلىقىنى، كىم ئۈچۈن سەكپارە بۇلىدىغانلىقىنى چۈشۈنۈپ كىتەلمەيتتىم. ھازىر ئويلاپ باقسام بالا دىگەن ئاتا - ئانىغا خوشاللىقلاردىن كۆپ دەرت - ھەسرەت ئاتا قىلىدىغان مەخلۇق ئىكەن. ئۇلار بۇ دەرت ھەسرەتلەرنى قۇچىغىنى كەڭ ئېچىپ تۇرۇپ قۇبۇل قىلىشقا رازى ئىكەن.

*　　*　　*

14 ـ سىنتەبىر مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدىغان قاباھەتلىك بىر كۈن. ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى مېنى قوغلاشقان يىگىتلەرنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلگەن ئىدىم. 3 يىل تېپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى، 4 ـ يىلغا يەنى بۇ يىلنىڭ بېشىغا كەلگەندە، تاساددىبى بىر پۇرسەتتە مەندىن بىر قارار يۇقۇرى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئادىل بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ قايسى تەرىپىنى بۇنچىلىك ياقتۇرۇپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، بەلكى ئاشۇ جىمغۇر مىجەزى، قاپقارا كۆزلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسام كېرەك، ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مۇھەببەت كوچىسىغا تۇنجى قەدىمىنى ئالدىم. يېرىم يىل ۋاقىت شۇنچىلىك بەختىيارلىق ئىلكىدە ئۆتۈپ كەتتى، مۇھەببەتنىڭ بۇنچىلىك تاتلىق تۇيغۇلىرىنى ئادەمگە ئاتا قىلىدىغان شېرىن ھېسلىرىنى دەل شۇنىڭدىن تېتىغان ئىدىم. ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تالاي ۋەدە قەسەملىرى، سۇنغان دەستە ـ دەستە گۈللىرى يۇپيۇرماقتەك تاتلىق پىچىرلاشلىرى، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ئىشەنچىمنى ئاشۇرغان ئىدى. گاھىدا ئۇ تۇغۇلغان كۈنۈمدە سوۋغا قىلغان خىرۇستال كۈچۈككە قاراپ سۆزلەپ، ـ ماڭە ئادىل ئاكاڭنى چاقىرىپ كىر، ئەگەر چاقىرىپ ئەكىرەلىسەڭ ساڭا كەمپۈت بېرىمەن،

ـ دېگەنلىرىمنى ساۋاقداشلىرىم ئاڭلاپ قېلىپ، مېنى ساراڭ بوپسەن دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكەندە، ماڭا ئاشۇ كۈلكىلەرمۇ شۇ قەدەر تاتلىق تۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

14 ـ سىنتەبىر ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، بىز كەچ سائەت 7 دە مەكتەپنىڭ ئالدىدا كۆرۈشۈپ، بۇ كۈننى يالغۇز ئىككىمىزلا تەبرىكلىمەكچى بولدۇق. مەن دەرستىن چۈشۈپلا ئۇنى ساقلاشقا باشلىدىم، لېكىن دېيىشكەن ۋاقىت توشۇپ، نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ كەلمىدى. ئاخىرى تېلېفون قىلدىم، تېلېفونىمۇ ئېلىنمىدى. كېيىن ياتاق بىناسىنى تاقايدىغان ۋاقىت توشۇپ قېلىپ، ئامالسىزلىقتىن ياتاققا كىرىپ كەتتىم، ياتاققا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي تېلېفون جىرىڭلىدى. يۈگۈرۈپ بېرىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قۇلۇمغا ئېلىشىمغا، قۇلاق تۈۋىمدە ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ ۋەي راھىلەما؟

ـ شۇنداق، مەن سېنى شۇنچە ئۇزۇن ساقلىسام كەلمىدىڭ، تېلېفونىڭمۇ ئېلىنمىدى، شۇڭا ياتاققا قايتىپ كىرگەن ئىدىم .

ـ ئاپلا دېدى ئۇ، ـ مېنىڭ مۇھىم بىر ئىشىم چىقىپ قېلىپ كېچىكىپ قالدىم، ھازىر مەن چوڭ بازارنىڭ ئالدىدا ، دەرھال كېلە.

ـ قانداق بولار، ـ مەن سەل تەشۋىشلەندىم.

ـ نېمىنى قانداق بولار دەيسەن.

ـ ياتاق بىناسىنى سەل تۇرۇپ تاقايدۇ، ھازىر چىقسام قايتىپ كىرەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىنىمۇ تاقىۋېتىدىغان تۇرسا.

ـ ياتاق بىنا سىغا كىرىشىنىڭ ئامالىنى قىلىساڭلا ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىش ئاسان ، چىقىمىساڭ مەن خاپا بولۇپ قالىمەن جۇمۇ.

ـ ماقۇل، مەن بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي، ئاندىن ساڭا تېلېفۇن قىلاي ھە.

ـ ماقۇل، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، تېزراق بولارسەن.

تېلېفۇننى قويىشىم بىلەن تەڭلا ساۋاقداشلىرىم بېشىنى كۆتۈردى.

ـ نېمە راھىلە، مۇشۇ كەچتە سىرتقا چىقامسەن ئاداش.

ـ ھەئە، بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، شۇڭا . . .

ـ شۇنداق بولسىمۇ ھازىر سائەت 10 دىن ئاشقان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر جەمئىيەت تىنچ ئەمەس.

مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەل ئوڭايسىزلانغان بولساممۇ ، يەنىلا ئادىلنىڭ گېپىنى يېرىشقا ئامالسىز ئىدىم.

يازلىق تەتىلدە يۇرتۇمغا بارغىنىمدا دادام كىچىك بىر يەشـــىككە بېغىمىزدا پىشـــقان ئەنجۈر قېقىدىن قاچىلاپ يوللىۇق تۇتقان ئىدى، ئۇنىڭ ئاغزىنى تېخى ئاچمىغان ئىدىم، تەييارلىقىمنى قىلىۋالغاندىن كېيىن ئەنجۈر قېقىنى كۆتۈرىدۇمدە ياتاق بىناسىنى باشقۇرىدىغان ئايالنىڭ يېنىغا چۈشتۈم.

ـ مۇنداق ئىشتى ھەدە.

بەلكىم ئۇ قولۇمدىكى پارقىراق يەشـــىكنى كۆرۈپ بولغان بولســـا كېرەك. گازىردەك ئۇزۇن چىشـــلىرىنى چىقىرىپ ھىجايدى.

ـ نېمە ئىشتى تارتىنماي دەۋېرىڭ سىڭلىم.

ـ بۈگۈن بىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، شۇڭا . . .

ـ ھە مۇشـــۇ ئىش مىدى. كەچراق قالىمەن دەڭ، ئىش قىلىپ تاڭ ئاتقۇچە بىر قېتىم كەلســـىڭىز بولىدۇ. ناۋادا مېنى ئويغۇتالماي قالسىڭىز، ماڭا تېلېفۇن قىلىڭ، بۇ مېنىڭ تېلېفۇن نومۇرۇم. ھە راست مەكتەپنىڭ ئارقا تېمىدا ئادەم پاتقۇدەك بىر شۇرا بار، قىينالمايلا كىرەلەيسىز. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، باشقىلارغا تىنماڭ، خوشال ئويناپ كېلەرسىز.

ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ، ئەمىسە قولۇڭىدىكىنى بەرمەمسەن دېگەندەك قولۇمدىكى يەشىككە تىكىلدى، ـ رەھمەت ھەدە، ـ دېدىم، ئۇنىڭغا يەشىكنى تۇتقۇزۇپ، ـ ناۋادا ئۇخلاپ قالسىڭىز تېلېفۇن قىلارمەن.

كەينىمگە يېنىپ بىر دوستۇمنىڭ تېلېفۇننى سوراپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن مەكتەپتىن چىقتىم.

يولنىڭ ئىككى قاسـنىقىدىكى سـۆس جىلمىيىپ تۇرغان كوچا چىراقلىرى، سـىنتەبىر شـامىلىنىڭ يەلپۈتىشـى بىلەن تاتلىق شۇرلاۋاتقان يۇپۇرماقلار، ئاسفالىت يولدا پاپىلداپ سىگنال چېلىپ، قۇيۇنىدەك كېتىۋاتقان ماشىنىلار ئىش

قىلىپ ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسە كۆزۈمگە شۇقەدەر سۆيۈملۈك كۆرۈنمەكتە ئىدى. مەن جىمجىتراق بىر جايغا بېرىپ ئادىلغا تېلېفون قىلدىم.

- ۋەي مەن راھىلە ،سەن نەدە؟

تېلېفوندىن ئۇنىڭ مەس ئەلەس ئاۋازى ئاڭلاندى.

- مەن ... مەنمۇ مەن قىزىل گۈل دىسكوخانىسىدا ، ۋوي مەن سېنى ساقلىغىلى نىكەم، ئادەمنى بۇنچە تەقەززا قىلماي، شاقلا تاكسىغا ئولتۇرۇپ كېلە جېنىم.

- ماقۇل، ھازىرلا باراي، لېكىن سەن مەستكەنسەنغۇ؟

- مەن ... مەس بولسام نېمە بوپتۇ، تۇغۇلغان كۈنۈم بولغاندىكىن ئازراق ئىچتىم شۇ، دوستلۇرۇم زورلاپ تۇرىۋالسا قانداق قىلىمەن.

- ئەمسە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، مەن ھازىرلا باراي ...

تىروپكىنى قويۇشۇم بىلەن تەڭلا، كۆڭلۈمگە بىر ۋەھىمە لىپلا قىلىپ سايە تاشلاپ ئۆتۈپ كەتتى، توۋا دېدىم ئىچىمدە، ئۇ پەقەت ئىچمەيتتىغۇ، مەن بىلمەيدىغان ھۈنەرلىرىمۇ بارمۇ نېمە بۇنىڭ؟ بولدىلا كۆپ ئويلىماي دوستلۇرۇم زورلاپ تۇرىۋالدى، شۇڭا ئىچتىم دېدىغۇ ئەينا.

بىر خىل تەشۋىش ۋە تەڭلىك ئىچىدە تاكسى توستۇم، تاكسىدىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا ئۇ سەنتۇرۇلگىنىچە ئالدىمدا پەيدا بولدى.

- ھەجەپ ئۆزۈڭدا كەلدىڭا، ماشىنىنىڭ چاقى ئېتىلىپ كەتمىگەندۇ، ماڭە ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرىمىز، ئىچىدە دوستلۇرۇم بار. ئۇ مىنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ تارتتى.

- ياق كىرمەيمەن، - دېدىم نارازى بولغاندەك، - مەن بۇنداق يەرگە كىرىپ باقمىغان، سەن ماڭا تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئىككىمىز ئايرىم ئۆتكۈزىمىز دېگەنغۇ، ئەمدى نېمە دەپ دوستلۇرۇڭ بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدۇڭ؟ قارىغىنا ئەپتىڭگە، كىمگە ئوخشاپ قالدىڭ، ئىچىگە كىرسەڭ يەنە ئىچكىڭ كېلىپ كىتە ھەقاچان.

- مەندىن چاندىڭ شۇنداقمۇ راھىلە، كۆزىڭگە سەت كۆرىنگەن بولسام كەتكىن ئەمسە

ئۇ قولۇمنى قويىۋەتتى.

- ياق مەن ئۇنداق دىمەكچى ئەمەس، لېكىن ...

- كىرەمسەن ،كىرمەمسەن؟

ئۇنىسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتىم، دىسكوخانىنىڭ ئىچى شۇنداق دىمىقكى توپ-توپ بولۇپ ئويناۋاتقانلارنىڭ مايمۇندەك چىرقىراشلىرى، يۇقۇرى ئاۋازدا قويۇلغان مۇزىكىنىڭ غالدۇر-غۇلدۇرلىرى ، ئادەمنىڭ مېڭىسىنى سېرىق ھەرىدەك چاقاتتى. ئۇ مېنى ئارقا تەرەپتىكى بىر ئورۇنغا باشلاپ ئاپاردى. پىۋا پوتولكىلىرى ۋە قالايمىقان

تاشلانغان تاماكا قالدۇقى بىلەن تۈشۈپ كەتكەن ئەينەك تومپۇچكىنى چاقماق كۆينەك كىيگەن تاقىرباش بىر يىگىت بىلەن چېچىنى كەينىگە تارىۋالغان ئۇرۇق بىر يىگىت چۆرىدەپ ئولتۇراتتى.

- بۇچۇ مېنىڭ تۇمۇچۇقۇم، ئىسمى راھىلە، تونۇشۇپ قېلىڭلار، - ئادىلنىڭ تونۇشتۇرىشى بىلەن ئۇلار ماڭا سۇسلا سالام قىلىپ باش لىڭشىتتى.

- بۇ تۇمۇچۇقۇڭ ھەقىقەتەن گۈزەلكەن، نېمىش قىلىدۇ؟

- مەن بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئىش قىلىپ ئاكىلا، مەكتەپتە بۇنىڭدەك گۈزەل قىزلار ئاز جۇما، قانداق؟ بۇلامدىكەن يا!؟

- بولماتتىكى، سېنىڭ ئادىمىڭ بولغاندىكىن ئەلۋەتتە بولىدۇ- دە، كۆزۈڭ مال تونۇيدىكەن ئادىل.

تاقىرباشنىڭ تاماكا ئىسىدا كىرلىشىپ كەتكەن سېرىق چىشىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىشى تىنىمنى شۇركەندۈرۋەتتى. زال ئىچى شۇنچە شاۋقۇنلۇق بولسىمۇ، ئادىلنىڭ مېنى ھەر نېمىلەرنى دەپ توختىماي سۈپەتلەپ ماختا شلىرىنى، ئارىدا بۇلىۋاتقان تاقىا- تۇقا گەپ- سۆزلەرنى ئاڭلىغىلى بۇلاتتى. بۇلارنىڭ گەپ- سۆزلىرىگە ئالا- يېشىل چىراقلار يۇرۇتۇپ تۇرغان سۇسۇن چىرايدىكى ئىپادىلەرگە قاراپ، مېنى سەل ۋەھىمە باستى.

توۋا، ھەجەپ گەپ قىلىدۇ يا بۇ ئادىل، يا مەن دۇكاندىكى مال بولمىسام، ماختاپ خېرىدارغا سالغىلى، مەستلىكتە خۇدىنى بىلمەي، شۇنداق قىلامدىغاندۇ يا، خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بىرەرسەن... ئۆزەمگە تەسەللى بېرىپ، بۇ يەردىن تېزراق كېتىشنى ئويلاۋاتقىنىمدا، ئۇلار بىراقلا گۈپۈرلەپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

- ماڭامدۇق باللا؟

- شۇنداق قىللى.

- قۇپە راھىلە ماڭىمىز.

بۇ نەس باسقۇر جايدىن كېتىدىغىنىمنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتتى- دە ئادىلغا ياندىشتىم.

- قارا دېدى، - ئادىل، سىرتقا چىقىپ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، - بۇلار مېنىڭ يېقىن دوستلۇرۇم، بىزنى ھازىر كىچىك ماشىنىدا مەكتەپكە ئاپىرىپ قويىدۇ، مىنىڭ دوستلۇرۇم ياخشىمىكەن.

- ھەئە، ياخشى ئىكەن

- جۇرە ئەمسە، ماشىنىغا چىقىمىز.

ھەش- پەش دىگۈچە كۆز ئالدىمىزدا قىزىل رەڭلىك كىچىك ماشىنا پەيدا بولدى، ماشىنا مەن بايا كەلگەن يول بىلەن ئەمەس، باشقا يول بىلەن كېتىپ باراتتى. ماشىنا ھەيدەۋاتقان تاقىرباش بىلەن ئۇنىڭ ھەمرايى پات- پات كەينىگە قاراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىشاتتى. ئۇلارغا قاراپ مېنى سىر بېسىپ كەتتى، بەدەنلىرىم سۇس تىترەيتتى، قورقۇنچۇم كۈچەيگەنسىرى ئادىلغا شۇنچە يېپىشتىم. لېكىن ئۇ ئىپادىسىزلا بىر ناخشىغا غىڭشىپ

ئولتۇراتتى، شۇ تاپتىكى ھېسياتىمنى ھېچ چۈشىنەلمىگەنىدىم ئەمەس، بىردىنلا تاقىر باشنىڭ ئاۋازى قۇلۇقۇمغا قىش شامىلىدەك ئۇرۇلدى.

- ۋايۇۋۇي خان، زەھەر چېكىپ لاتا غىلاپ بولۇپ كەتكەن بىرنېمىگە بۇنچە چاپلىشىـــۋالغۇچە، بىزدەك قانلىرى شۇۋۇلداپ تۇرغان بەردەم يىگىتلەرگە قۇچاق ئاچمامسىز ؟

- نېمە!؟

بىرى مىڭەمگە پولات مىخ قاقىۋاتقاندەك ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. قۇلاقلىرىم بۇ مۇدھىش ئاۋازدىن غۇڭۇلداپ كەتتى .

- ئادىل!؟

مەن ئۇنى چاقىرغان چاغدىكى ئاۋازىمنىمۇ تونۇيالماي قالدىم.

- توۋە، ئۇ ... ئۇلار نېمە دەۋاتىدۇ، سەن راست زەھەر چېكەمسەن، بۇ راستمۇ؟ ...مەن مەكتەپكە كېتىمەن، ئۇلارغا دە، ماشىنىنى توختاتسۇن، بىردىنلا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدىم. ۋۇجۇدۇمنى قاپلىغان قانداقتۇر بىر قورقۇنۇچ مېنى بومبىغا ئوخشاش پارتىلىتىۋېتەلمىگەنىدەك قىلاتتى.

- ماشىناڭنى توختات مەن كېتىمەن!

- ھا ... ھا ...ھا ... كېتىمەن.

ئاۋازىمنى تاقىرباشنىڭ ئاچچىق كۈلكىسى بېسىپ كەتتى.

- ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، قارىغاندا سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق ئوخشىمامدۇ، ئادىلاخۇن ماۋۇ بىر نېمەڭ كېتىمەن دەيدۇيا، قەرزىنى قايتۇرامسەن ياكى ...

- مەن باشتا دېگەندەك بولسۇن، بۇ قېپ قالىدۇ ئاكا.

ئادىلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قېتىپلا قالدىم.

- نېمە، سەن بۇلارغا مېنى ساتماقچىما ئادىل، بۇ سەنمۇ!؟ مېنى ساتما، قەرزىڭنى مەن تۆلەي بۇلامدۇ؟

- سەن مۇشۇ يول ئارقىلىق تۆلىمىسەڭ، پۇل بىلەن بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ئىشلىسەڭمۇ تۆلەپ بۇلالمايسەن. ئەڭ ياخشىسى قارشىلىق بىلدۈرمە، سېنى بەرىبىر ئالىمەن، مەن رازى بولغانىدىكىن مەيلىغۇ.

- ھايۋان!؟

ئۆزەمنىڭ ئۇنى نېمىلەرنى دەپ تىللاپ ياقىسىـــنى قانچىلىك ســـىققىنىمنى بىلمەيمەن، مەڭزىمگە چاڭ قىلىپ تەككەن تەستەكتىن ئېسىمگە كەلدىم.

ـ قانداق قىلمەن ئەمسە، شۇ باشقىلار بىر چېكىپ باق، ھېچنىمە بولمايدۇ دېگەن، چېكىپ سىلىپ خۇمار بوپ قالدىم. كېيىن پۇلۇم تۈگەپ بۇلارغا قەرز بولۇپ قالدىم، چەككەن تاماكىلارنى مۇشـــۇلاردىن نىســـگە ئالغان، ئەمدى ماڭىمۇ باشقا ئامال يوق، ماقۇل دىگىن بۇلامدۇ، سېنى بەربىر ئالىمەن، بۇ راست.

ـ ھايۋان، سەنمۇ ئوغۇل بالىمۇ، بۇ گەپ ئېغىزىڭدىن قانداق چىقتى.

ئۇنىڭ كاچىتىغا نەچچىنى ئۇرۇپ، ياقىســــنى يەنە قامالىمدىم، ئۇ قوللۇرۇمنى قايرىپ ئاجرىتىپ، چاقماق تېزلىكدە ماشىنىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئىشىكدىن چۈشۈپ كەتتى . . .

ـ ئادىل!

مېنىڭ جانسىز ئاۋازىم ماشىنا ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولغۇچە، تاقىرباش چاقماق تېزلىكدە ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يېنىمغا ئۆتتىدە ھەمرايىغا قاراپ ۋارقىردى.

ـ ماشىنىنى سەن ھەيدە، تېز بول.

ـ نەگە؟

ـ سا . . .ساي تەرەپكە

ـ دادا! . . .

ئاۋازىم ئۇنىڭ گۆ شلۈك ئالقانلىرى ئا ستىدا تۇنجۇقۇپ قالدى. بارلىق ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرماقچى بولغان بولساممۇ، ئۇنىڭ قولىنى ئاجرىتىشقا ئامالسىز قالدىم، ماشىنا خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن توختىدى.

ـ ۋارقىرا قانجۇق، قېنى ئەمدى ۋارقىرىمامسەن.

ئۇ ھاراقنىڭ ئاچچىق بۇســـى كېلىۋاتقان ئاغزىدىن شـــۆلگەيلىرىنى چاچرىتىپ ھىجايدى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، بۇلارنىڭ مېنى نەگە ئەكەلگىنىنى ئىلغا قىلالمايتتىم. بېشـــىم چىڭقىلىپ ئاغرىپ تەنلىرىم ياپراقتەك تىترەيتتى. بۇلارنىڭ مەقسىدى ئېنىق بولغاچقا، قولىدىن قېچىپ كېتىشكە كۆزۈم يەتمەي يالۋۇرماقچى بولدۇم.

ـ جېنىم ئاكا ســـىزنىڭمۇ ھەدە ـ ســـىڭىللىرىڭىز باردۇ، مىنى قويىۋېتىڭ، مەن ســـىلەر ئويلىغاندەك قىز ئەمەس، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا، مېنى چەيلىمەڭ.

ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلەتتى، جىسمىم ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنگەن، يۈرىكىم ئۇنىڭدىن شەپقەت تىلەۋاتاتتى.

ـ ھا . . . ھا . . . ھا . . . نېمىگە بۇنچە قىلىپ كېتىدىسەن، ھامىنى بۇلىدىغان ئە شقۇ بۇ، ئاراڭلاردا ھەر جۈمە كۈنى دەرستىن چۈشۈپلا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئىچكىرىگە بېرىپ تېنىنى سېتىپ، يەكشەنبە كەچ قايتىپ كېلىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئوقۇيدىغانلار جىققۇ، ئەجىبا سەن بۇنى بىلمەمسەن؟

ـ يالغان، كىم شۇنداق دەيدۇ، ستۇدېنىت قىزلارغا تۆھمەت قىلما!

ـ بولدى بەس، سەن نېمىگە چالۋاقايسەن ساراڭ! ساق چىقساڭ چىقتىڭ، ناۋادا ساق چىقماي قالساڭ، ئادىل دېگەن گۆيدىن ئۇبدان ھېساپ ئالىمەن، قانداق ئۆزەڭ چىرايلىقچە بويسۇنامسەن ياكى . . .

شۇ دەقىقىدە ۋۇجۇدۇمغا تولۇپ تاشقان سىرلىق بىر كۈچ بىلەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم ـ دە، يەرگە سەكرەپلا بەدەر قاچتىم.

ـ توختا قانجۇق، بەربىر تۇتىۋالىمەن سېنى، ـ كەينىمدىن ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ـ توختا دېدىم!

غەيرەت قىل راھىلە، جىسمىڭدىكى بارلىق كۈچۈڭنى ئىشقا سېلىپ قاچ، بۇ مەلئۇننىڭ قولىدىن قېچىپ كەتسەڭلا ھېچ ئىش بولمايدۇ، سەن دىگەن باتۇر قىز، سەندە نۇزۇگۇمنىڭ روھى بار، قەلبىم قېتىدىكى بىر روھ ماڭا مەدەت بېرىۋاتاتتى. ئەپسۇس شۇنچە تىرىشقان بولسامۇ كېچىككەن ئىدىم. كۆز ئالدىمدا تۇيپا چاڭ ئۆرلىتىپ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان تۆمۈر مەخلۇق يولۇمنى توستى، نىشانىمنى بۇراپ بولغۇچە تاقىرباش ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ چېچىمدىن قامالىدى، قاپقارا چاچلىرىم ۋاراسلاپ يۇلۇندى، ئۇ چېچىمنى ھايۋاننىڭ نوقتىسىنى تۇتقاندەك قامالاپ تۇتۇپ، مېنى زەردە بىلەن يەرگە ئېتىپ ئۇستۇمگە تاشلاندى.

ـ دادا!. . .

يۈزۈمگە تەككەن مۇشت زەربىسىدە كۆزلىرىمدىن ئوت ياندى. يىرتىلغان كىيىمىنى رەھىمسىز بارماقلار ئارىسىدا ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىۋاتقان كۆكسۈمنى قوغداش ئۈچۈن جان ـ جەھلىم بىلەن تىپىرلىدىم . ئەمما تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكار بولىۋاتاتتى، ئۇستۇمگە مۆلدۈردەك ياققان مۇشت ـ تېپىكلەر، مىڭەمگە چىققان زەھەردەك ئاغرىق مېنى ھالسىزلاندۇرغان ئىدى. مەن رېئاللىق بىلەن چۈش قوينىدا لەيلەۋاتاتتىم، ئەڭ چوڭ كۆلچەككە چۈشۈپ كېتىپ قىرغاقتا چىقىش ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتىمەن. بىرى مېنىڭ بېشىمدىن تۇتۇپ سۇغا شۇڭغۇتىۋاتىدۇ، مەن دادامنى چاقىرۋاتىمەن، دادام قان يۇقۇپ قالغان ئاپپاق كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى جەينىكىگىچە تۈرۈپ قويۇپ، قوي سويىدىغان يوغان پىچىقىنى كۆتۈرۈپ، كىمنىدۇر قوغلاپ ۋارقىراۋاتىدۇ، مەن ئەمدى قوي سويمايمەن، ئادەم سويىمەن، ئادەم!

ـ يامان قانجۇق كەنسەن، بىكارغا تىركاڭ شىماپتىكەنسەندە. ھازىرقى جەمئىيەتتە سەندەك قىزلار ئاز تېپىلىدۇ جۇمۇ، تۇتە مەن ساڭا ئىش ھەققى قوشۇپ بىرەي، ـ ئۇستى بېشىمغا چېچىلغان قىپ ـ قىزىل پۇللار كۆز ياپراقلىرىدەك تۆكۈلدى، كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشلىرىم توختاۋسىز تۆكۈلەتتى .شۇنچىلىك تەستە ئېغىزىمنى ئۆمەللەتتىم.

ـ بۇ سېسىق پۇللىرىڭنى چېكەڭگە تاڭ، سەنمۇ ئادەممۇ ھايۋان. ماڭا قىلغانلىرىڭنىڭ قىساسىنى ھامان تارتىسەن، خۇدا جاجاڭنى بىرە ئىلاھىم .

ـ ھا ... ھا ... ھا ... مەن ھايۋانمۇ ياكى ئادەممۇ، بىلمەكچى بولساڭ ھايۋاناتلار باغچىسىغا بېرىپ ھېلىقى تۆمۈر قەپەسكە قاراپ باققىن، تۇمۇچۇق. . .

قىزىل پىكاپ مېنى تۇپا ـ چاڭلار ئارىسىدا قالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

مەن دادامنى چاقىرىپ ئۆكسـۈپ ـ ئۆكسـۈپ يىغلىدىم، يىرتىلىپ تۇپا چاڭغا مىلەنگەن كىيىملىرىم، تاياق يەپ ئاغرىۋاتقان تەنلىرىم، خورلۇنۇپ يىغلاۋاتقان يۈرىكىم دەتلىرىمگە دەت قوشۇپ ئېچىنىشلىق نالە قىلماقتا ئىدى . . .

ئاھ خۇدا ، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ دادامغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ ئەجىبا بۇ قاباھەتنىڭ داۋامى ئۆلۈممۇ، مەن ئەمدى ئۆلۈشۈم كېرەك، چوقۇم شۇنداق قىلىشىم كېرەك.

ياق راھىلە، سـەن ئۆلسـەڭ بولمايدۇ، بۇ ئىشـتا سـېنىڭ مەسـئۇلىيىتىڭ يوق، ھەممىنى قىلغان ئاشـۇ ھايۋانلار، پەقەت سەندە ئالدىراپ خەققە ئىشەنگەنلا سەۋەنلىك بار، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە ئىتتىرسەڭ، داداڭ قانداق قىلىدۇ؟ ئويلاپ باقتىڭمۇ، ئۇ پەقەت بۇدۇنيادا سېنىلا دەپ ياشىدى، سەن چوقۇم داداڭنى دەپ بولسىمۇ، بەختىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭ كېرەك، ئۆلىۋالساڭ خۇدامۇ سىنى كەچۈرمەيدۇ.

تۇيغۇمدىكى بىرەيلەن مېنى ئۆلىۋالماسلىققا، قايتىدىن ياشاپ، ئىستىقبالىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، ماڭا تەسـەللى بېرىۋاتاتتى. تۈن قويندا كۆزنى قىسـىپ جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلار، سـاينىڭ سـالقىن شـامىلىنىڭ سـۆيىشـى بىلەن شـۇۋىرلاۋاتقان چاكاندا يانتاقلارمۇ ئۇنىڭ سـۆزلىرىنى قوللاۋاتقاندەك باش لىڭشـىتاتتى. ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، جەنۇپنى نىشـــانلاپ يول ئالدىم. ئالا ھەزەل بىرەر ســـائەت ماڭغاندىن كېيىن، ئاســـفالىت يولغا چىقتىم ۋە ســـومكامدىن تېلېفۇننى ئېلىپ ئۇنىڭ يورۇقىدا ئەينەككە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. كۆز ئالدىمدا يۈزلىرى ئىششىغان، كۆزلىرى چوغدەك قىزارغان، سۇمبۇل چاچلىرى تۇپا ـ چاڭغا مىلەنگەن كۆرۈمسـىز بىر قىز قاراپ تۇراتتى. ئەينەكتىكى بۇ قىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يەنە بۇزۇلدى، توۋا شـۇنداق ئۇماق غۇبارسىز قىز ئىدىڭغۇ راھىلە، ئەمدى نىمە دەپ . . .

بىردىنلا ئاسفالىت يولنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى گۈللۈكتىن سۇنىڭ شىرىلداپ ئاققان ئاۋازى ئاڭلاندى. قەدىمىمنى شـۇ ياققا بۇرۇدۇم، گۈللۈكنىڭ قىرغىقىدىكى تۇربىدىن بۇلدۇقلاپ سـۇ ئېقىۋاتاتتى، تۇربىنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، كىيىملىرىمدىكى تۇپا ـ چاڭلارنى قېقىپ، چۇۋۇلغان چاچلىرىمنى تارىغاندىن كېيىن چوڭ يولغا چىقىپ بىر ماشىنىنى توستۇم.

تەلىيىمگە تېلېفۇن قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ياتاق بىناســـىغا قارايدىغان ئايال ئىشـــىكنى ئاچتى، ئۇيقۇچىلىقتا ئۇ تەقى ـ تۇرقۇمغا دىققەت قىلمىغان بولســـا كېرەك، ئارتۇق گەپ قىلمىدى. مەنمۇ ياتاققا قاراپ قەدىمىمنى تېزلەتتىم. ياتاققا كىرىپ كېيىم ـ كېچەكلىرىمنى ئالماشـتۇرۇپ، كارىۋاتقا چىققىنىمدا سـائەت 3 تىن ئاشـــقان ئىدى، يوتقۇنۇمغا بېشـــىمنى تىقىپ دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. دادامنىڭ ئاشـۇ مېھرىبان، مىســكىن سىماسى ياشلىرىم ئارىسىغا شۇڭغۇپ، يۈرەك باغرىمغا ئاقماقتا ئىدى. ئەتىسى مىجەزىمنىڭ يوقلىغىنى باھانە قىلىپ دەرىسكە چىقمىدىم. يۈز ـ كۆزلىرىمدىكى ئىششىغان يەرلەرنى ساۋاقداشلىرىمغا پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشتۈم دەپ چۈشـەندۈردۈم. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلىغىنىنى بىلمەيمەن،لېكىن ماڭا يالغان سـۆزلىمەسـلىككە ئامال يوق ئىدى.

كۆڭلۈمدە ئادىلنى مېنىڭ ساقچىغا مەلۇم قىلىشىمدىن قورقۇپ، ئاللا بۇرۇن تىكىۋەتتى دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن ئۇ كەتمەپتۇ، چۈشتىن كېيىن ساۋاقدا شىلىرىم دەرسكە چىقىپ كەتكەن ئىدى، ئىشىك چېكىلدى، ئاچسام ئۇ قولىدا بىر دەستە ئەتىرگۈل تۇتۇپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

- تۇفى!

ئۇنىڭ يۈزىگە شالاققىدە تۈكۈرۈپ ئۆلگۈردۇم.

- قانداق كىردىڭ ھايۋان، قىزلارنىڭ ياتاق بىناسىغا ئوغۇللارنى كىرگۈزمەيتتىغۇ، ئادەم چاقىرامدىم ياكى ئۆزەڭنى بىلىپ كېتەمسەن؟

- شۇ ھېلىقى ئايالغا ئازراق شۇ ...

- بولدى، نېمە قىلغىنىڭ بىلەن كارىم يوق، يۈزۈڭگە يەنە تۈكۈرۈشۈمدىن بۇرۇن كۆزۈمدىن يوقال!

- راھىلە مېنى كەچۈرگىن، ئوقۇش پۈتكەندە سېنى ئالىمەن، ماڭا ئىشەن، ئاخشام مەست بولۇپ قېلىپ شۇ، ئەمدى ئۇ بىرنېمىنى چەكمەيمەن.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ، قولىدىكى گۈلنى ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى گۈللەر ئارىسىدىن بىر گۈلنى يۇلۇپ ئالدىم- دە، بەرگىلىرىنى ئۈزۈپ يەرگە تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭلىدىم.

- بۇ گۈل قانداقكەن؟

- ...

- مەن سەندىن بۇ گۈل قانداقكەن دەپ سوراۋاتىمەن، سەتمىكەن؟

- شۇ ... شۇنداق

- سەنمۇ مېنىڭ مۇشۇ گۈل بەرگىدەك، پاك، غۇبارسىز نازۇك بەرگىمنى تورزۇتقان مەلئۇن سەن. قارا، بۇ گۈل بەرگىلىرى بار چاغدا شۇنداق چىرايلىق ئىدى، ئەمدى ئازرۇلغىدەك نىمسى قالدى.

- مەيلى نېمىلا بولسۇن سېنى ئالىمەن.

- ھا ... ھا ... ھا ... ئاچچىق كۈلكەمدىن ئۇ كەينىگە نەچچە قەدەم سەن تۇرۇلۇپ كەتتى.

- سەنمۇ ئوغۇل بالىما، بۇ گەپ ئېغىزىڭدىن قانداق چىقتى، مېنى خەققە تۇتۇپ بېرىپ قانمىدىڭما، يەنە تۇتۇپ بىرەي دېدىڭمۇ يا، يوقال ھايۋان!

جاق قىلىپ يېپىلغان ئىشىك بىلەن تەڭ ئۆزۈمنى كارۋاتقا تاشلىدىم. پەقەت يىغلىماي دەپ شۇنچە تىرىشقان بولسامۇ، يا شىلىرىم مەندىن چاققان كېلىپ، مەڭزىمنى ھۆلدەپ ئېغىزىمغا قويۇلدى. ئازاپ- قەلبىمگە ئوغۇدەك ئۆيۈپ كەتكەن بىر ئازاپ يۈرىكىمنى يۇپۇرماق قۇرتىدەك غاجىلىماقتا ئىدى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئادىلمۇ مەندىن نەچچە قېتىم شاپىلاق يەپ يۈز- كۆزلىرىگە چاچرىغان تۈكۈرۈكتىن قورقتىمۇ قانداق ئالدىمدا قايتا پەيدا بولمىدى. پەقەت ناگان- ناگاندا مېۋىلىك باققا ئوغرۇلۇقچا كىرمەكچى بولۇپ، شورىدىن ماراۋاتقان كىچىك بالىدەك كەينىمدىن قاراپ قوياتتى. مەن بۇ ئازاپلىق ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كۈنلەردە، ئۆزۈمدە كۆرۈلىۋاتقان نورماللىسىزلىقتىن ۋە دوۋسۇنۇمنىڭ سانجىپ ئاغرىشلىرىدىن ئەنسىرەپ، شەھەرنىڭ چېتىگىراق جايلاشقان بىر دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزەمنى تەكشۈرتتۇم. كارىدور ئىچىدىن كېلىۋاتقان دورا- ئوكۇللارنىڭ ئاچچىق پۇرىقى ھەر يانغا پاتىپاتاراق بولۇپ يۈگۈرۈشۈۋاتقان دوختۇر، سېستىرالار، كېسەل ئازابىدىن چىر- چىر چىرقىراپ يىغلاۋاتقان بىمارلارنىڭ ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ كۆڭلۈمنى ساراسىمىگە سالماقتا ئىدى.

- مانا بۇ تەكشۈرۈش قەغىزى 3- قەۋەتكە چىقىپ مەسئۇل دوختۇرغا كۆرسىتىڭ، - مېنى بىچاۋدا تەكشۈرگەن دوختۇر قىز چىرايىمغا لەپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، تەكشۈرۈش قەغىزىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئېغىر قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ مەسئۇل دوختۇرنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇدۇلدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان قاپقارا چاچلىرىنى، ئاق پوسمىسىنىڭ ئىچىگە چىڭ چۈمكىۋالغان سىپمىزگىنە ئايال دوختۇرنى كۆرۈپ يۈزۈم ئوت بولۇپ ياندى.

ناۋادا ئەھۋالىم گۇمانىمدىكىدەك چىقسا، قانداق قىلغۇلۇق؟

شۇلارنى خىيال قىلىپ، كەينىمگە ياناي دەپ تۇرۇشۇمغا دوختۇر ئىچىمدىكىنى بىلىۋالغاندەك، قولۇمدىكى تەكشۈرۈش قەغىزىنى تىزلا ئالدى- دە، مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، بايا جىددىيچىلىكتە دىققەت قىلمىغان بولسام كېرەك. ياندىكى ئورۇندا بۇدۇرە چاچلىرى توزغۇپ تۇرغان، ئاپپاق خالات كىيىۋالغان ياشلا بىر يىگىت ئىپادىسىزلا قاراپ ئولتۇراتتى.

تۇۋا دېدىم ئىچىمدە، ئاياللار بۆلۈمدە بۇ ئەر دوختۇر نىمىش قىلىدىغاندۇ.

- ئىسمىڭىز راھىلەما؟

ئايال دوختۇرنىڭ توم، ئەمما سىلىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم.

- ھەئە

- ئېرىڭىز نېمىشقا سىز بىلەن بىللە كەلمىدى.

- مەن ...

تىلىم ئېغىزىمغا كەپلىشىپ قېلىپ، گەپ قىلالماي قالدىم.

- نېمە گەپ بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ، بىز دوختۇرلار مەخپىيەتلىكنى ساقلايمىز قىزىم.

مەن ئاۋۇ دوختۇر نېمە قىلىدۇ دىگەندەك بايامقى ئەر دوختۇرغا قارىدىم.

ـ قورقماڭ ،دېدى، ـ ئايال دوختۇر ئىچىمدىكىنى بىلىۋالغاندەك، ـ  بۇ يىگىتمۇ دوختۇر، يەنى مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ، ئاقسۇدا خۇسۇسىي دوختۇرخانا ئاچىدۇ، دوختۇرخانىمىزغا بىلىم ئاشۇرغىلى كەلگەن، ئەھۋالىڭىزنى تەپسىلى دېمىسىڭىز بولمايدۇ.

مېنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقىنىمنى ئەر دوختۇر بىلگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ ئايال دوختۇر ئەمدى دەڭ دېگەندەك ماڭا تىكىلدى.

ـ  ھەدە مەن ...

كۆز ياشلىرىم قويۇلۇپ لەۋلىرىم تىترەشكە باشلىدى.

ـ قورقماڭ قىزىم، مەن سىزنىڭ ئۆز ئانىڭىزغا ئوخشاش، نېمە ئىش بولسا دەۋېرىڭ، دوختۇرنىڭ يۇمشاق قوللىرى ياشلىرىمنى سۈرۈتتى.

ـ مەن باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان ھەدە،مېنىڭ ئېرىم يوق، مەن تېخى ئوقۇغۇچى.

بۇ گەپلەرنى شۇنچىلىك تەستە دېدىمكى ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا دوختۇرنىڭ باغرىغا ئېتىلدىم.

ـ يىغلىماڭ قىزىم، زادى نېمە بولۇپ بۇ ئىش بولغان، مېنى ئانىڭىزنىڭ ئورنىدا كۆرسىڭىز ماڭا ئېيتىڭ بولامدۇ؟

دوختۇر چاچلىرىمنى سىلىدى. مەن شۇنچىلىك غەيرەتكە كېلىپ بولغان ئىشلارنىڭ بىرنىمۇ قالدۇرماي، بۇ مېھرىبان دوختۇرغا سۆزلەپ بەردىم  ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ مېھرىبان سىماسى بىلەن كۆزۈمگە ئۆز ئانامغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدى.

ـ قىزىم، ـ دېدى ئۇ، گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ، ياشلىرىمنى سۈرۈتكەچ، ـ نېمىشقا ۋاقتىدا ساقچىغا مەلۇم قىلمىدىڭىز، ئۇ ۋىجدانسىز ھازىرمۇ مەكتەپتە بارمۇ؟

ـ بار ھەدە، مەلۇم قىلاي دېگەن. لېكىن دادام بۇ ئىشنى بىلسە چوقۇم كۆتۈرەلمەيدۇ. مېنىڭ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، دادامدىن بىلەك ھېچنىمەم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش مەكتەپكە يېيىلىپ كەتسە مەنمۇ مەكتەپتىن ھەيدىلىمەن، ئوقۇشۇممۇ پۈتكىلى كۆپ ۋاقىت قالمىدى.

دوختۇر ئاغزىنى تەستە ئۆمەللەتتى.

ـ مۇنداق ئىش قىزىم، بويىڭىزدا قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا، بالاياتقۇنىڭ سىرتىغا ئورنىۋاپتۇ. بۇ ئەھۋالدا بالىنى ئوپېراتسىيە قىلماي ئالغىلى بولمايدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىرى يۈرىكىمگە غاچلا قىلىپ پىچاق تىققاندەك تىپىرلاپ كەتتىم. ھەر قانچە بولسىمۇ بۇنداق بولارنى ئويلىمىغان ئىدىم.

ـ قانداق قىلىمىز قىزىم، ئۇنى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلساق ھېلىمۇ كېچىكمەيمىز. دوختۇر ئېغىر خۇرسىنىپ ماڭا تىكىلدى، ـ ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭ.

- بولدى ھەدە، ساقچىغا مەلۇم قىلمايلى، مەن ئۆزەم بىر ئامالنى قىلاي، ئوپىراتسىيە قىلدۇرمىسام زادى بولمامدا، باشقا ئامال يوقمىدۇ؟

- ياق، ئۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق، ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە سىزگىمۇ تەس. ئەڭ ياخشىسى تەتىلدە ئۆيىڭىزگە قايتماي ئوپىراتسىيە قىلدۇرۇڭ. سىز تېخى ياش، بەل قويۇۋەتمەڭ، ئۆزىڭىزنىڭ،شۇنداقلا دادىڭىزنىڭ بەختىيار كۆڭلىرى، سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز بەدىلىگە كېلىدۇ. سىزمۇ ھامان بىر كۈنى ھەقىقى سۆيگۈگە، چىن مۇھەببەتكە ئېرىشىسىز قىزىم.

دوختۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ياشلىرىم يەنە قويۇلدى.

- بۇ مۇمكىن بولارمۇ ھەدە، مەندەك قىزغا بۇ جاھاندا يەنە ئورۇن بارمىدۇ.

- ئەلۋەتتە، ئورۇن بار، ئۇنداق روھىڭىزنى چۈشۈرىدىغان گەپلەرنى قىلماڭ، سىز غەيرەت قىلسىڭىزلا ئاللا سىزگە سائادەت ئاتا قىلىدۇ قىزىم.

- لېكىن ھەدە . . .

- ئوپىراتسىيە پۇلىنى دەيسىزغۇ ھەقاچان، بوپتۇ سىزگە قىلغان ياردىمىم بولۇپ قالسۇن، مېنىڭمۇ سىزدېمەتلىك بىرقىزىم بار، بېيجىڭدا خىزمەت قىلىدۇ. سىز كۆزۈمگە ئۆز قىزىمدەكلا ئىسسىق كۆرۈندىڭىز، تەييارلىغىڭىزنى قىلىپ كېلىڭ، ئامال بار ئوپىراتسىيەنى تېزراق قىلىۋېتەيلى.

شۇنداق قىلىپ تەتىلگە قويۇپ بېرىشى بىلەن تەڭ دادامغا كۈرۈستا ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدىم دەپ يالغان ئېيتىپ تېلېفون بەردىم. دادامنىڭ تېلېفوندىكى مەيۈس ئاۋازىدىن مېنى شۇنچىلىك سېغىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەندىمۇ نېمە ئامال، مەنمۇ دادامنى شۇنداق سېغىنغان ئىدىم. لېكىن ئەھۋالىم مۇشۇنداق تۇرسا . . .

ئوپىراتسىيەنى خا سىيەت دوختۇر ئۆز قولى بىلەن قىلدى. مەن تاكى ساقىيىپ مەكتەپكە بارغۇچە ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ داۋالاندىم. خاسىيەت دوختۇر بەكمۇ ئالدىراش بولغاچقا، ھالىمدىن ھېلىقى كۈنى مەن دوختۇرخانىدا كۆرگەن يىگىت يەنى خاسىيەت دوختۇرنىڭ ئىنىسى خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋەلى بولۇپ تېخى توي قىلمىغان ئىكەن. مەن ئىچكەن ئۇگرىلەرنى، شوگۇرۇچ، شورپىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن قىلىپ بىرەتتى. بەزىدە ئۇ سويۇپ بەرگەن ئالما، نەشپۈتلەرنى قولىمدىن ئېلىۋاتقان چېغىمدا بارماقلىرىم ئۇنىڭ بارماقلىرىغا تېگىپ كېتىپ، يۈزۈم ئوت بولۇپ ياناتتى. زېرىككەن چاغلىرىمدا ئۇ ئوقۇپ بەرگەن ھېكايىلەردىن تەسىرلىنىپ، كۆز يېشى قىلاتتىم. مەن ساقايغاندىن كېيىن خاسىيەت دوختۇر بىلەن ۋەلىگە چوقۇم جاۋاپ قايتۇرۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكەتتىم ، ساقىيىپ مەكتەپكە بارىدىغان كۈنى ۋەلى مېنى ئاپىرىپ قوياي دەپ تۇرۋالدى . ئۇنىڭ بىلەن دەرۋازا ئالدىدا خوشلۇشۇپ نەچچە قەدەم ئېلىشىمغىلا ئۇچاقىرىپ قالدى مەن تىزلا كەينىمگە ياندىم .

- راھىلە مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ماڭا تېگىڭ بولامدۇ؟

ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇگەپلەرنى ئاڭلاپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم .

ـ توۋا دەڭ ۋەلى، مەن دېگەن قانداق قىز، كالللىڭىزنى ســـىلكىۋېتىپ گەپ قىلماڭ، بۇ گەپنى جاھاندا قىز تېپىلمىغاندەك ماڭا دەۋاتىسىزغۇ؟ بۇ گەپنى ئەڭ ياخشىسى خاسىيەت ھەدەم ئاڭلاپ قالمىسۇن، بولمىسا مەندىن قــاتتىق رەنجىيــدۇ. ھېلىمۇ ســــىلەرگە يەتكۈچە قەرز بولــدۇم، بۇ گەپنى يەنە ئــاڭلىمــاي بەك ئــازاپلىنىــپ كېتىدىكەنمەن.

ـ ھەدەمگە دېدىم راھىلە، ـ ئۇ شاقىلا قولۇمنى تۇتتى، ـ ھەدەم قۇشۇلدى.

ـ نېمە؟...

مەن ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن قولۇمنى سۇغۇرۇۋالدىم ـ دە، مەكتەپ ئىچىگە قاراپ يۈگۈردۈم...

ـ راھىلە ...

شــۇ كۈنى باشــقىچە بولۇپ قالدىم. مەن خاســيەت دوختۇرنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ۋاقتىمدا ۋەلىنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم، بۇنى ئېنىكار قىلالمايتتىم. ئۇنىڭ ســـەممىي ئوبرازى، ماڭا ھەققەتەن تەســـىر قىلغان ئىدى، لېكىن مەن قانداقمۇ ئۆزەمنى ئۇنىڭغا لايىق كۆرەي، شــۇڭا بۇ ئىشــلارنى ئويلاشـــتىنمۇ قورقاتتىم بۈگۈن ۋەلىنىڭ ئاغزىدىن چىققان مۇنۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن گاڭگىراپ قالدىم.

كەچتە ياتاقنىڭ تېلېفۇنى جىرىڭلاپ قالدى. ئالسام ۋەلى ئىكەن.

ـ ۋەي راھىلەما، مەن ۋەلى

ـ شۇنداق مەن شۇ، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

ـ تازا ياخشى ئەمەس جۇمۇ، قارىغاندا سىز كېلىپ داۋالاپ قويمىسىڭىز بولمىغۇدەك.

ـ قىززىق، مەن يا دوختۇر بولمىسام سىزنى قانداق داۋالاپ قويىمەن.

ـ ھا ... ھا ... ھا ... يۈرىكىمگە ســۇ ســېپىپ قويســىڭىزلا بولدى، بۇ يۈرەككە ســىز بولمىســىڭىز پەقەت بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، بولمىسا دائىم ئاغرىپ قالىدۇ.

ـ ...

ـ راســت ،ھەدەم ســىزنى تاماققا كېلىپ كەتســۇن دېگەن، كەلمىســىڭىز خاپا بولىمەن جۇمۇ، شــۇڭا تېلېفۇن قىلىشىم.

ـ ماقۇل، ھازىرلا باراي .

ئۆيگە كىرىشـــىمگە ئۇلار مېنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتىۋالدى، ئۈســـتەل ئۈســـتىگە ھەر خىل قورۇملار تىزىۋېتىلگەن بولۇپ، ئاپپاق كۆڭلەك بىلەن قارا ئىشتاننى ياراشتۇرۇپ كىيىۋالغان ۋەلى كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە باقتى.

ـ قىزىم، ـ دېدى خاسىيەت ھەدەم، تاماقتىن كېيىن، ـ بىز سىز بىلەن تۇنۇشقاندىن كېيىن چىقىشىپ قالدۇق، بۈگۈن سىزنى بۇ يەرگە چاقىرشىمدىكى مەقسىتىم، سىزنى ئائىلىمىزگە كېلىن قىلىۋالايلىمىكىن دەيمەن. بىز سىزنى

بۇ ئىشـــقا مەجبۇرلىمايمىز، قېنى ئۇبدانراق ئويلۇنۇپ بېقىڭ، ناۋادا ۋەلىنى ئۆزىڭىزگە لايىق كۆرســـىڭىز قوبۇل قىلىڭ، بولغان ئىشـــلاردىن ئۇنىڭمۇ خەۋىرى بار، بۇ ســـىزگىمۇ ئايان، ۋەلى ســـىزنى جان دىلى بىلەن سـۆيىدۇ، شۇنداقلا قەدىرلەيدۇ. مەن بۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن، شۇ تاپتا ۋەلىنىڭ سىزدىن بىلەك قىزغا پەقەتلا قارىغۇسى يوق، بەلكى بۇ تەقدىرنىڭ ئۇرۇنلاشتۇردىشى بولسا كېرەك، تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ ئەمەسمۇ، سوغوق قانلىق بىلەن ئويلۇنۇپ بېقىڭ، بىز ســـىزنىڭ جاۋابىڭىزنى كۈتىمىز.مىنىڭچە ســـىزنىڭ چاقچاق قەلبىڭىزگە، يارىلانغان يۈرىكىڭىزگە ۋەلى شىپالىق يامغۇر بولالايدۇ ، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئويلۇنۇپ قالدىم، بۇ چىن يۈرەكتىن چىققان ســـۆزلەر ئىدى. دېمەك، ئۇلار ماڭا ھەقىقىي چىن مۇھەببەت بەرمەكچى ئىكەن. ئۇلار مەندەك قۇرۇپ قاقشـــال بولغان بىچارە گۈلگە مېھرى ـ مۇھەببەت يامغۇرى ياغدۇرماقچى بولىۋاتاتتى. بۇ ماڭا تەقدىرنىڭ ئاتا قىلغان ئازاپلىرىدىن كېيىنكى ســـۇنغان ئەڭ چوڭ سوۋغىسى ئىدى. مەن بۇ مۇھەببەتنى رەت قىلالمايتتىم ھەم رەت قىلىشقىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. يۈرىكىم ۋەلىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ شىۋىرلاۋاتقان بۇ دەقىقىلەردە ھايات ماڭا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىۋاتاتتى.

*　　　*　　　*

ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ، دوستلىرىم يۈگۈرۈپ كىردى.

ـ راھىلە قارا ئادىل ... ئادىلنى ساقچىلار ئىزدەپ كەپتۇ.

ـ نېمە؟ زادى نىمە ئىش بولۇپتۇ.

ـ بىلمەيمىز، تىز بۇلە بىللە چىقىپ كىرەيلى.

گەرچە ئادىلغا چىش تىرنىقىمغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولســامۇ، ســاقچىلارنىڭ ئۇنى نېمە ســەۋەپتىن ئىزدەپ كەلگىنىگە قىزىقىپ ئۇلار بىلەن بىللە چىقتىم. مەكتەپنىڭ ئالدىدا بىر ساقچى ماشىنىسى ئالا ـ بۇلماچ چىرىغىنى پىلدىرلىتىپ تۇراتتى. ئىككى ســاقچى قولىغا پولات كويزا سـېلىنغا ئادىلنى ماشـىنا تەرەپكە يالاپ ئەكىتىۋاتاتتى، بىردىنلا قۇلىقىمغا ئەتراپتىكى كىشلەرنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپ ـ سۆزلىرى كىرىپ قالدى.

ـ نېمىش قىلىپتىكەن بۇ؟

ـ نېمىش قىلاتتى، زەھەر چېكىپ، ئېلىپ سېتىپتىكەن.

ـ ئېســت، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىســا،ئاتا ـ ئانىســى نېمە بولۇپ كېتەر ھە!؟ بالام ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كاتتا ئادەم بولىدۇ دەپ ئويلاپ ئولتۇرغان بولغۇيدى ھەقىچان.

ـ شۇنى دەڭلا، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئويلىمىغان بۇنداق ئەقىلسىز بىر نېمىگە ئىچ ئاغرىتقاننىڭ پايدىسى يوق، جاجىسىنى يەپتۇ.

ھەش ـ پەش دىگۈچە ساقچى ما شىنىسى ئەنسىز چىقىراپ يۈرۈپ كەتتى .مەن نېمە شىقدۇر خىيالغا پاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم .ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن .بىرچاغدا ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەينىمگە قاراپ ئاپئاق كىچىك ماشىنا يېنىدا ماڭا قاراپ تۇرغان ۋەلىنى كۆردۈم، ئۇتىز لا يېنىمغا كەلدى .

ـ قانداق ئەھۋالىڭىز؟

ـ ياخشى ،ئۆزىڭىزنىڭچۇ؟

ـ مېنىڭمۇ ياخشى، ھەجەپ بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ؟

ـ ھە ... مۇنداقلا ئىچىم پۇشۇپ چىققان.

ـ يۈرۈڭ، ماشىنىغا چىقىپ پاراڭلىشايلى، قاراڭ توڭلاپ كەتكىنىڭىزنى، ئۇنىڭ ئىسسىق ئالقانلىرى، بارماقلىرىمنى ئارىسىغا ئالدى.

ـ بۇ كىمنىڭ ماشىنىسى، ھەجەپ چىرايلىق ئىكەنغۇ؟

ـ مېنىڭ ما شىنام، سىزنى قېيىنى ئاتامنىڭ ئالدىغا مۇ شۇ ما شىنىغا چىقىرىپ ئاپىرايمىكىن دەۋاتىمەن، قانداق، بولامدىكەن، يېڭىدىن سېتىۋالدىم.

ـ شۇنداق، بەك چىرايلىق ئىكەن.

ـ بازار ئايلانغاچ بىللە تاماق يەپ كىلەمدۇق، سىزنى سېغىنىپ كەلگەن ئىدىم.

ـ بولىدۇ

ـ يۈرۈڭ ئەمسە ...

ماشىنا ياڭراتقۇسىدىن شادىمان بىر كۈي ياڭراۋاتاتتى. بۇ مەن ئۆچۈن ئەڭ گۈزەل دەقىقىلەر ئىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى يېرىم ئىدى...

يانغىن ئېلكىتابلىرى

# ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

## ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار : يانغىن ، *oqugin*

www.yanghin.cn www.yanghin.net

admin@yanghin.net kitab@yanghin.net